# 33679 ـ كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق ئوتتۇرسىدىكى ئىسلام ۋە غەرب

**سۇئال**

مۇسۇلمانلانلارگە يۈزلەنگەن بالايى –ئاپەتلەرگە قاراپ ،شۇنى بىلگۈم كىلىدۇ:ئىسلام هايات يولى بىلەن غەربىپ باياشات ـ ئالغا باسقان ۋە كۈچ قۇدرەت هايات ئوتتىرستىكى پەرىق نىمە ؟هەم ئىككى جەمئيەت ئاياللىرىغا بولغان بەلگۈلىمىلەر ئوتتورىسىدىكى پەرىق نىمە؟مەن بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئەهۋالىغا قايغۇرۇپ بۇ سۇئالنى سوراۋاتىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدىھىيە ئاللاهقا بولسۇن .

1–بۇ مۇسۇلمانلارغا چۈشۈۋاتقان بۇ بالايى قازالار ۋە مۇسىبەتلەر پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى جەمئيەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى هەققىدىكى ئاللاهنىڭ قانۇنلىرنى تاشلىۋەتكەنلىكتىن چۈشۋاتىدۇ.ئۇلار ئاللاهقا ياردەم قىلمىسا ،ئۇ قانداقىسىگە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ؟

ئۇهۇد جىڭىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرگە (ئاللاهنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئىتائەتسىزلىك قىلغاندا ،ئاللاه ئۇلارنى مەغلوبىيەت بىلەن جازالىدى ،گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر (ئاللاهنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ۋە ساهابىلارنىڭ ئاقسىقاللىرى بولسىمۇ .شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار ئاللاهقا كىچە –كۈندۈز ئىتائەتسىزلىك قىلىۋىتسا ،ئۇنىڭ دىنى بەلگىلىمىللىرىدىن چىقىپ كىتىۋاتسا (ئاللاه رەهىم –شەپقەت قىلغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا )مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئەهۋالى نىمە بولماقچى؟

2–گەرچە مۇسۇلمانلار بالايى– ئاپەت،مۇسىبەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ،غەربىپ ئۆز جەمئيەتلىرى ۋە ئۆز ئەهۋاللىرى هەققىدە دۇچ كىلىۋاتقانلىرى بەكراق ئىغىر ۋە قاتتىقتۇر .يەنى ئىتىقات، بىخەتەرلىك ،ئائىلە توغرىسىدا،بولۇپمۇ ئاياللارغا موناسىۋەتلىك مەسىللەردە يولىقىۋاتقانلىرى تىخىمۇ ئىغىردۇر.غەربىپ دۆلەتلىرىنىڭ ئىقىنقى ستاستىكىسىغا قارساق ،ئۇلار ئەهۋالىنىڭ تىخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىكەنلىگىنى كۆرىمىز ،بىز بىر نەچچە مىسال بىلەن قاراپ باقايلى :

بىر قىسىم ياۋرۇپا دۆلەتلىرده %65 ئايال ئىشچىلار خىز مەت ئورونلىردا جىنسى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ .

ئامرىكىدا 18% ئايال ئۆز هاياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا باسقۇنچىلىق قىلىنىدۇ ياكى باسقۇنچىلىققا ئۇرۇنىلىدۇ.

باسقۇنچىلىق قىلىنغان ئاياللارنىڭ يىرىمدىن كۆپرەكى 17 ياشتىن تۆۋەن "ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

1993–يىلى ئىيۇن بىلەن فىۋرال ئارىسىدا كانادادىكى بىر تىلفۇن بىلەن بولغان 12300 ئايال هەققىدىكى ستاستىكىدا :

كانادا ئاياللىرنىڭ يىرىمى 16ياشتىن كيىن جىسمانى ياكى جىنسى زورىۋانلىق ۋەقەسىگە ئۇچۇرغان .

45% تى ئۇلارغا ناتۇنۇش ئەرلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى ناتۇنۇش كىشلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى نىكاه ماجراسى سەۋەپلىك قورال بىلەن چىقىلىنغان . "ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

ئامرىكىدا:

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن ھارامدىن بولغان بالا تۇغۇلىدۇ،

12مىلىيۇن بالا ئۆيسىز ھەم ناچار مۇھىتتا ياشايدۇ.

ھەر يىلى بىر مىلىيۇن بالا ئالدۇرۇۋېتىلىدۇ.

ئەنگلىيىدە:

بىر يىلدا 25مىلىيۇن شەھۋانى مەزمۇندىكى تېلفۇن خاتىرلەنگەن.

لاتىن ئامرىكىسىدا 40 مىلىيۇن بالا ئۆي ماكانسىز.

شىۋىتسايىيە قانۇنى ئاكا –ئۇكا بىلەن ئاچا –سىڭىلنىڭ توي قىلىشىنى رۇخسەت قىلىدۇ.

"سىتاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"150 ب.

بىز سىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكىڭگە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھامىلارچە قىزغانغانلىقىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز .

ئاللاھتىن بىزگە ۋە ساڭا كۈچ قۇۋۋەت بىرىشىنى سورايمىز،ھەمدە ئاللاھ ھەممە كۈچ قۇۋۋەتنىڭ مەنبىيى.